ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# تەپەككۇر ھەققىدە
# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# تەپەككۇر ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بېلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于思维的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. 一乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978-7-80744-429-9

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 122088 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于思维的格言 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-80744-429-9 |
| 定价 | 9.90 元 |

（书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگەكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

ئەستە تۇتۇشنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرى تولىمۇ ئاددىي، پە-
قەت ئۈچ تۈرلۈكلا، ئۇلار تەسىرات، تەكرارلاش، ئەسلەشتىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

بەش مىنۇت سەرپ قىلىپ، دىققەتنى جانلىق، پائال مەركەز-
لەشتۈرۈش زېھىن خىرە چاغدا بىرنەچچە كۈن قالايمىقان ئويلىغانغا
قارىغاندا تېخىمۇ زور ئۈنۈم بېرىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ كاللىسى ئۇنىڭ كۆزى كۆرگەن شەي-
ئىنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ دىققەت قىلمايدۇ. بىزنىڭ كۆزىتىش
كۈچىمىز —ھەقىقىي كۆزىتىش كۈچى — ھەقىقەتەن ئادەم ئى-
شەنمىگۈدەك دەرىجىدە ئاجىز.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

مېنىڭ دىققىتىم خۇددى پولاتقا ئوخشايدۇ — ئۇنىڭغا بىرەر

www.uyghurkitap.com

نەرسىنى ئويماق بەك قىيىن، ئويۇلغان ھامان ئۇچۇرگىلى بولمايدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك نەرسە ئەستە تۇتماقچى بولغان ئىشنى كۆرۈش، ئاڭلاشلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇتۇپ بېقىش، پۇراپ بېقىش، تېتىپ بېقىش كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

بىز كۆرۈش سېزىمى بىلەن پىكىر قىلىدىغان مەخلۇق. كۆزنىڭ تەسىراتى ئۇزاققىچە يوقالمايدۇ. بىز دائىم دېگۈدەك مەلۇم بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى ئەستە ساقلىيالايمىز، ئەمما ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالىمىز.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

بىمەنىلىك ھەم غەلىتە ئىشلارنى ئەستە ساقلىماق ئوڭاي.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن



سىز سان ساناقسىز ماتېرىياللارنى ئەستە ساقلىيالايسىز — پەقەت سىز ئۇلارنى دائىم يادلاپ، ئەستە تۇتماقچى بولغان نەرسىنى تەكرارلاپ تۇرسىڭىزلا بولىدۇ. سۆھبەتلەردە ناتونۇش كىشىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ تۇرۇڭ — ناۋادا ئۇنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى

ئەستە تۇتۇۋالماقچى بولسىڭىز. سۆھبەتلەردە يېڭى سۆزلەرنى ئىشلىتىڭ، نۇتۇق سۆزلىگەندە دېمەكچى بولغان مەزمۇنلارنى ئوت- تۇرىغا قويۇڭ، ئىشلىتىلگەن بىلىم ۋە ماتېرىياللار ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

ئەسلەش ئەستە تۇتۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

بىزنىڭ يېڭىلا ئۆگەنگەن يېڭى ماتېرىياللاردىن دەسلەپكى سەككىز سائەت ئىچىدە ئۇنتۇپ قالغىنىمىز كېيىنكى ئوتتۇز ئالتە كۈن ئىچىدە ئۇنتۇپ قالىدىغىنىمىزدىن كۆپ بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

تەربىيىلەنگەن ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى تەشكىللەنگەن بىر- لەشتۇرۇش سىستېمىسىغا تايىنىدۇ؛ ئۇنىڭ جەۋھىرى بولسا ئۇلا- رنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكىنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ: بىرىنچى، بىرلىشىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى؛ ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ سان سىپىرى... شۇڭا، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ياخشى بولۇشنىڭ سى- رى بىز ئەسلىمەكچى بولغان ھەربىر پاكىت بىلەن ئۆزگىرىشنىڭ

كۆپ بىرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئەسلەش قانۇنىيىتى بىزنىڭ بارلىق ئۆي پىكىرلىرىمىزدە بار بولۇپ، زادىلا ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە، توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمايدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئوخشاش تاشقى تەجرىبىسى بار ئىككى ئادەم ئىچىدە، ئۆز تەجرىبىسىنى ئەڭ كۆپ ئويلايدىغان ھەمدە ئۇلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ئەڭ سىستېمىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە قىلالىغان ئادەم ئەڭ ياخشى ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

شۇڭا، سىز بىرەيلەننىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇراي دېگىنىز، بىرەر سۈپەت جۈملىنى ئويلاپ تېپىپ، ئۇنىڭ ئىسىم فامىلىسى بىلەن كەسپىنى بىرلەشتۈرۈڭ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئادەتتىكى ۋە ئاساسلىق ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنىڭ ئامالى يوق؛ بىز پەقەت ئالاھىدە ئەسكە ئېلىشتەك ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتەلەيمىز.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئاساسەن، بىزنىڭ كاللىمىز بىر خىل ئەسكە ئېلىش ماشى-نىسى.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوّسۇش» تىن

سايلىغۇچىلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئەستە قالدۇرۇش سىياسىي تالانت، ئۇنتۇپ قېلىش يوقىتىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر سىياسىيون ئۇچۇن ئەقەللىي ساۋات.

ئىسىم فامىلىنى ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى خىزمەتتە، كىشىلەر ئارا ئالاقىلەردە سىياسىي ئىشلاردىكىگە ئوخشاش مۇ-ھىمدۇر.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باشقىلارنىڭ سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش ئىقتىدارى ھەر-قانداق ياخشى مىجەزلىك كىشىلەردە بولىۋەرمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن



باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشقا ماھىر كىشى-لەرنى مەشھۇر ئەربابلارلا ياقتۇرۇپ قالماستىن، ئادەتتىكى كىشى-لەرمۇ ياقتۇرىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

www.uyghurkitap.com

سىز بىرەر نەرسىنى ئەستە تۇتماقچى بولغاندا ئۇنلۇك ئوقۇڭ، شۇندىلا كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سېزىمىڭىز بىرلا ۋاقىتتا ئۆز ئۇنۇمىنى كۆرسىتىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئۇلۇغ ئەربابلار» دىن

مەيلى ئۇرۇش مۇھىتى ياكى تىنچلىق مۇھىتى بولسۇن، مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ توغرا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە خاتا پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. توغرا پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان ئاقىۋەتلەر توغرىسىدا لوگىكىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەتراپلىق پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ؛ خاتا پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى مەنىۋى جەھەتتە جىددىيچىلىك ۋە نېرۋا چېچىلاڭغۇلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



ئالدى بىلەن ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ چىقىشىمىز شەرت. چۈنكى، ئەگەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلىمەيدىغان بولساق، مەسىلە ئۈستىدە ئاقىلانىلىك بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزەلمەيمىز. ئەھۋال ئىگىلىمەي تۇرۇپ يۈرگۈزۈلگەن مۇلاھىزە

كىرەكسىز ۋە مەقسەتسىز مۇلاھىزە بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر سىز خۇشال خۇرام پىكىر قىلسىڭىز ۋە ئىش بې-جىرسىڭىز، كۆڭلىڭىزمۇ تەبىئىي ھالدا خۇش بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كىشىلەردە ئەقلىدىن ئېزىش ۋە ئازاب پەيدا قىلىدىغان مۇھىم نەرسە شۇكى، ئۇلار مەيلىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇق-مايدۇ، تەكرار، كىشىنى ساراڭ قىلىۋېتىدىغان تەپەككۇر دەۋرىيلى-كىدىن قۇتۇلۇشنى بىلمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز ھەرخىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى ھەمدە ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك غەم ئەندىشىلەرنى تۈگەتمەكچى بو-لىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.



دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر بىز ئەھۋالنى ئىگىلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ قويۇپلا ھەرىكەت قوللانمايدىغان بولساق، مەسىلىنى ھەرقانچە ئەتراپلىق

ئويلاشقىنىمىز بىلەنمۇ بەرىبىر.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مەن سىزنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلىسەملا سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىۋالالايمەن. ئىدىيىمىز ئوبرازىمىزنى يارىتىدۇ، تەقدىرىمىزنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ، خۇددى ئېمېرسون ئېيتقاندەك: «ئادەم — ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىدىيىسىدۇر».

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

تۇرمۇشىمىزدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە — توغرا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاش. بىز مەسىلىلەر ئۇستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالساقلا، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيمىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



سىز ھەرگىز ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك سىز ئەمەس، بەلكى ئىدىيىڭىزدىكىدەك سىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر سىزنىڭ ئوي - پىكرىڭىز ياخشى بولسا، ئۆزىڭىزنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆڭۈللۈك ھېس قىلىسىز؛ ئەگەر ھەسرەت نادامەت چېكىش بىلەن ئۆتىدىكەنسىز، ئۆزىڭىزنى بىتەلەي ھېس قىلىسىز؛ ئەگەر ئوقيا- دىن ئۈركۈگەن قۇشتەك ئالاقزادە يۈرسىڭىز، تۈگىمەس تەشۋىشكە قالىسىز؛ ئىدىيە جەھەتتە كېسەللىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي، راستتىنلا كېسەل بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز؛ ئەگەر مەغلۇپ بولۇشتىن قورقسىڭىز، دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايسىز؛ ئەگەر ئۆزىڭىزنى بىچارە ھېس قىلىدىكەنسىز، باشقىلارمۇ سىزدىن يى- راقلىشىۋالىدۇ...

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كاللىغا كىرگەن پىكىر، ئۇقۇم ۋە خۇلاسە چىنلىق دەپ قا- رالسا، قارشى پىكىرلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمىسىلا، ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن



قابىلىيەتلىك ناتىق ھە دېگەندىلا قوللاش ئىنكاسىغا ئېرى- شىدۇ. ئۇ بارا بارا ئاڭلىغۇچىلارغا بىر پسىخىكىلىق جەريان تەي- يارلاپ، ئۇلارنى قوللايدىغان تەرەپكە قاراپ ماڭغۇزىدۇ. بۇ خۇددى شارىك سوقۇشتۇرۇش ئويۇنىدىكى شارىكلارنى ئاستا ئاستا يۆتكى- گەندەك بىر ئىش. ئۇنى بىر نىشانغا قاراپ ماڭدۇرغاندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەل چەتنىتىشكە خېلى زور كۈچ كېتىدۇ، قارشى تەرەپنى ماڭدۇرۇشقا تېخىمۇ زور كۈچ كېتىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوّسوّش» تىن

بىز گەپنى باشلاش بىلەنلا كوّپرەك «ماقۇل» غا ئېرىششنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بەلكىم شۇندىلا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قولغا كەلتۈرۈپ، ئەڭ ئا-خىرقى تەكلىپىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا يول راسلىيالىشىمىز مۇمكىن.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوّسوّش» تىن

تالاش تارتىش داۋامىدا، پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ قانچىلىك كەڭ ۋە ئوّتكۈر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئىچىدە ھامان ناتىق ھەربىر ئادەمنىڭ كوّڭلىدە بىردەكلىك پەيدا قىلالايدىغان بەزى ئورتاق قوللاش نۇقتىسى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوّسوّش» تىن

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى — كوّڭۈل قو-يۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوّسوّش» تىن

ئەڭ ئازادە مۇھىتتىمۇ باشقىلارنىڭ نىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئاسان ئەمەس.

دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

ئېسىڭىزدە بولسۇن، باشقىلار تامامەن خاتالىشىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار بۇنداق ئويلىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ئەيىبلىمەڭ، ساراڭ ئادەملا شۇنداق قىلىدۇ. سىز ئۇلارنى چۈشىنىپ بېقىڭ، ئەقىللىق، كەڭ قورساق، ئالاھىدە ئىختىساس ئىگىلىرىلا شۇنداق قىلالايدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

خۇسۇسىي مەسىلە بەك ئېغىر هالغا بېرىپ يەتكەندە، باشقىلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، جىددىيلىكنى پەسەيتكىلى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن



زاپاس ھەربىيلەر بىلەن مۇنتىزىم ھەربىيلەر ئىچىدىكى تەربىيىلىنىدىغان خادىملارنىڭ بىر بىرىگە ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ چاچ مەسىلىسى، زاپاس ھەربىيلەر ئۆزلىرىنى پۇقرا ھېسابلايدۇ. شۇڭا، ئۇلار چاچلىرىنى قىسقارتىۋېتىشكە تو-

لىمۇ ئۆچلۈك قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ھاياتلىقنى ئوي پىكىر ياراتقان.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

تۇرمۇشتىكى جىنايەتچىلەر ئىچىدە ئۆزىنى بۇزۇق ئادەم دەپ قارايدىغانلار ناھايىتى ئاز.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ھەر كىم مەيلى قايسى جايدا بولسۇن ياكى نېمە ئىش قىلمىسۇن، ئۇنىڭ خۇشال ئۆتۈش ياكى ئۆتمەسلىكى قانداق تەپەككۇر قىلىشىغا باغلىق.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باشقىلارنىڭ ئوي پىكرىنى چۈشىنىشنىڭ پايدىسى كۆپ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا يېتىلىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ تامامەن ئۆز تەجرىبىلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن



www.uyghurkitap.com

باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى رەھىمسىزلەرچە نابۇت قىلىمىز ھەم ئۆزىمىزنىڭكىنى توغرا دەپ قارايمىز، بىز بىرەر كىچىك بالا ياكى خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلارنى خەقنىڭ ئالدىدا تەنقىد قىلىمىز، ئۇلاردىن قۇسۇر تاپىمىز، ئۇلارغا تەھدىت سالىمىز، ھەتتا خەقنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە تەگكەن تەگمىگەنلىكىمىزنى ئويلاپ كۆرمەيمىز. ھالبۇكى، بىر ئىككى مىنۇت ئويلىنىپ، ھالىغا يېتىدىغان بىر ئىككى ئېغىز گەپ قىلغاندا، باشقىلارنىڭ پوزىتسىيىسىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن چۈشەنگەندە، ئۇلارغا كېلىدىغان كۆڭۈل ئاغرىقىنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز بىر ئادەمنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئاچچىقلىنىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى كۆكسى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۆلچىيەلەيسىز.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن



پەقەت جاپالىق ئىشلىگەندىلا، ئارزۇ ئىستەككە يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن كونا گەپكە ئانچە ئىشەنمەيمەن. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئادەم نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، خۇش كەيپ بىلەن قىلمىغان ئىشتا

چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئەگەر باشقىلارنىڭ سىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، سىزمۇ باشقىلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈڭ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

فانتازىيە ئەڭ قىممەت باھا خىسلەتتۇر...

ۋ. ئى. لېنىن

ھەربىر پائال ۋە مۆتىدىل پىكىر قىلغۇچى ئادەممۇ خىيالسىز ئىش يۈرگۈزەلمەيدۇ.

م. ئى. كالىنىن

ئۆزىنىڭ ئەڭ شېرىن ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا، ئىنسانىيەت ئالغا سىلجىيدۇ.

ك. ئا. تىمىريازېف

ئىنسان بىلىمىنىڭ خالىغان ساھەسىدە پوئېزىيە تولۇپ تېـ-شىپ يېتىپتۇ.

ك. گ. پائۇستوۋىسكىي



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىلمىي تەپەككۇردا دائىما پوئېزىيە ئېلېمېنتى مەۋجۇت. ھەقىقىي پەنمۇ، ھەقىقىي مۇزىكىمۇ بىر خىل كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئا. ئېينىشتېين

ئازراق شائىرلىقى بولمىغان ئادەم ھەقىقىي ماتېماتىك بولالمايدۇ.

ك. ۋېيېرشراسىس

ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى كېلەچەكنىڭ يارقىن ۋە مۇكەممەل قۇچىقىدا تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بولسا، ياكى ئۇ ئارزۇ قىلىشنى بىلمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئاشۇ كېلەچەكنى دەپ شۇنچىلىك مۇشەققەتلىك قۇرۇلۇشلارنى تىكلەشكە، ئۇزلۇكسىز كۈرەشكە ئېلىپ بېرىشقا، ھەتتا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا ئۇنى ھېچنېمە مەجبۇرلىيالمىغان بولاتتى.



د. ئى. پىسارېف

ئالىم بىرىنچى نۆۋەتتە ئىجادىي خىيال سۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش كېرەك، خىيال خۇددى سەنئەتتىكىدەك پەندىمۇ غايەت مۇھىم رول ئوينايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

خىيال يىغىلغان ماتېرىيال ئۈستىدىكى مۇشەققەتلىك ئەمـ-گەكتەك زۆرۈر نەرسە. خىيالسىز ئىلمىي ئىش — پاكىت ھەممە قۇرۇق، يالىڭاچ ۋە كۆپىنچە پايدىسىز خۇلاسىلەرنىڭ ئارتۇقچە يى-غىندىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

ئا. ئې فىرسمان

ئەگەر ئىنساندىن ئارزۇ قىلىش قابىلىيىتى ئېلىۋېتىلسە، ئۇ ھالدا مەدەنىيەت، سەنئەت، پەننى ياراتقۇچى ئەڭ كۈچلۈك ھېسسىي سەۋەبلەردىن بىرى — يەنى يارقىن ئىستىقبال ئۈچۈن كۈرەش قى-لىش ئىشتىياقى يوقالغان بولاتتى.

ك. گ. پائۇستوۋسكىي

ھەقىقىي ئالىم خىيالپەرەستتۇر.

ئو. بالزاك

خىيال سۈرمەيدىغان ئالىم ماڭمىدىغان ياخشىراق كۆتۈپخانىغا ۋە تىرىك ئىزاھنامىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزلەشتۈرىدۇ يۇ، لېكىن ئۆزى ئىجاد قىلمايدۇ.

ف. يو. لېۋېنسان ـ لېسسىڭ

ئالىملارمۇ خۇددى رەسساملاردەك خىيالپەرەس ئادەملەر، ئۇلار

ئۆز غايىلىرىدىن يۇقىرى تۇرمايدۇ؛ ئۇلار پەقەت پىكىرلىرى يەتكەن، تۇيغۇلىرىنى جەلپ قىلغان نەرسە ئۈستىدىلا ياخشى ئىشلەشلىرى، ئۇزاق ئىشلەشلىرى مۇمكىن. ئۇلاردا غايىلەر ئالمىشىپ تۇرىدۇ؛ مىڭلىرىگە مۇتلەق كۇتۇلمىگەن، كۆپىنچە ئەقىل يەتمەيدىغان پىكىرلەرمۇ كېلىدۇ؛ ئۇ پىكىرلەر كۆمۈلۈپ، نۇرلىنىپ، چېتىشىپ كېتىدۇ، پارقىرايدۇ، ئالىملار ئەنە شۇنداق غايىلەر ئىچىدە ياشايدۇ ۋە شۇ غايىلەر ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

ۋ. ئى. ۋېرنادىسكىي

ئەڭ ئۇستا ۋە ئەپچىل تەجرىبە قىلىپ كۆرگۈچىلەر ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىدۇ ۋە بىر بىرىدىن مۇتلەق يىراق چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئىزلەپ تاپىدۇ. گەرچە، بۇ قىياسلار غەلىتە ۋە ھەقىقەتتىن يىراق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار ئاقىل، ۋەزمىن ۋە يۈرەكسىز دانىشمەنلەر ھېچ ۋاقىت ئويلاپ تاپالمايدىغان بۈيۈك ۋە مۇھىم كەشپىياتلار ئۈچۈن، بەختلىك بىر تاسادىپىي ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

ژ. پرىستلى



ئىمكان بارىچە كۆپرەك ئارزۇ قىلىش كېرەك. كېلەچەكنى بۇگۈنگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىمكان بارىچە كۈچلۈكرەك ئارزۇ

www.uyghurkitap.com

قىلىش كېرەك.

م. م. پرىشۋىن

پەننىڭ قاناتلىرىغا خىيال تۇتاشقان بولسا، ئۇ ئۇتىدۇ.

م. فارادېي

ئارزۇ ئىنسان بەختى ئىجادكارى ئۈچۈن، خۇددى بىلىم ياكى غايىدەك كېرەكلىك قورالدۇر.

ل. م. لېونوف

ئارزۇسىز ئادەمنىڭ ئەقلىنى ھېچ نەرسە ئاخىرىغىچە قوزغىتالمايدۇ.

ك. تېيلور

دادىل ئېيتىشقا بولىدۇكى، كوپېرنىكمۇ، نيۇتونمۇ پەندە ئىگە بولغان ئۇتۇقلىرىنى خىيالسىز زادى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى.



ن. ئى. پېروگوف

كېلەچەكنى يارىتىشقا ھېچقانداق نەرسە دادىل ئارزۇلاردەك ياردەملىشەلمەيدۇ. بۈگۈنكى خىيال — ئەتىكى تەن بىلەن قانغا

سىڭىدۇ.

ۋ. ھيۇگو

ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى ۋە تەپەككۇرى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرال-مايدىغان خىيال يوق.

م. گوركىي

بىمەنە خىيال بىمەنىلىك تۇغدۇرىدۇ. ئەقىلگە باغلانىسچۇ، سەنئەتنىڭ جېنى ۋە ئۇنىڭ نەپاسەت مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ.

ف. گويىيا

خىيالنىڭ پايانى يوق. تەپەككۇر كىرەلمەيدىغان جاي يوق. تەبىئەتنى يەڭگۈچى تېخنىكا قۇدرىتىنىڭ چېكى يوق.

ئا. ئې. فىرسمان

ھەرقانداق چۈچەكتە ۋەقەلىك ئېلېمېنتلىرى مەۋجۇت...

ۋ. ئى. لېنىن



خىيال بىلىمدىن مۇھىمراق.

ئا. ئېينىشتېين

ئارزۇ رېئاللىقتىن قۇدرەتلىك. ئارزۇنىڭ ئۆزى ئالىي رېئال-

www.uyghurkitap.com

لىق ئىكەن. باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ ئاخىر؟ ئۇ مەۋجۇداتنىڭ قەلبى.

ئا. فرانس

غايە پاكىتتىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

ئو. بالزاك

تەسەۋۋۇر —قەلب كۆزىدۇر.

ژ. ژوبېر

ھازىر ئىسپات قىلىنغان نەرسە، بۇرۇن پەقەت تەسەۋۋۇردا مەۋجۇت ئىدى.

ئو. بلېيك

بىز ھازىر فىزىكىدىن ئېنىق بىلىدىغان نەرسىلەر، بۇرۇن تەخمىن قىلىنغانىدى.

ل. ئەيلېر

قانچىلىغان ئىشلار تا ۋۇجۇدقا چىقىرىلمىغۇچە مۇمكىن بولمىغان نەرسىلەر دەپ ھېسابلانغان ئىدى.

كاتتاپىلىنىي

يېڭى ھەقىقەتنىڭ تەقدىرى شۇنىڭدىكى، دەسلەپكى ۋاقىتىدا ئۇ ھەر دائىم بىدئەتكە ئوخشاش تۇيۇلىدۇ.

ت. گېكسلى

تونۇلغان بۈيۈك ھەقىقەتلەر ئەڭ ئاۋۋال مەسخىرە قىلىنغان.

ب. شائو

ھەرقانداق ھەقىقەتنىڭ تەقدىرى ئاۋۋال كۈلكە بولۇپ، كېيىن تەن ئېلىش بىلەن يەكۈنلەنگەن.

ئا. شوپېنھاۋېر

ھەرقانداق تەلىمات ئۈچ باسقۇچتىن ئۆتىدۇ: ئاۋۋال ئۇنى ئەقىلگە سىغمايدۇ دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا تەنە قىلىشىدۇ، كېيىن، تۇرقىدىن، ئاز بولسىمۇ، مەلۇم دەرىجىدە ھەقىقەتكە ئوخشايدۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىشىدۇ، ئاخىرى، ئۇنىڭ غايەت مۇھىملىقىنى تەن ئېلىشىدۇ يۇ، كېيىن «مەن ئىجاد قىلدىم» دەپ تالىشىشىدۇ.

ئو. جېمس

نەرسىلەرنىڭ يۈزەكى كۆرۈنۈشىنىلا ئىگىلەپ تۇرغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆندىلىك تەجرىبە ئاساسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، يەن ھەقىقەت-لىرى ھەر دائىم غەيرىي تەبىئىي بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

ك. ماركس

ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى دەۋر ئاچقان، ئۆز ئەسىرىگە شان شۆھرەت كەلتۈرگەن بۈيۈك پىكىرلەر، كەشپىياتلار، ئىختى-رالار ۋە غايىلەر پەمسىزلىك، ئەخمەقلىق ۋە ئىشەنچسىزلىك، ئۇ-تۇپىيە دەپ ئاتالغان.

ئە. ژىراردېن

ئوتۇپىيىلەر كۆپىنچە ۋاقىتتىن ئاۋۋال ئېيتىپ قويۇلغان ھەقىقەتلەر بولۇپ چىقىدۇ.

ئا. لامارتىن

لايىھە —كېلەچەكنىڭ خام پىلانى، بەزى ھاللاردا كېلەچەك يۈزلەپ خام پىلانلارنى تەلەپ قىلىدۇ.

ژ. رېنار

ئىلمىي غايىلەر دۇنياسىدىمۇ خۇددى ھاياتنىڭ ئۆزىدىكىدەك تەرەققىيات ۋە ھەقىقەت دەرھال غەلىبە قازىنىۋەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۇ-چۈن، كۆرەش قىلىش، ھەممە كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش، مەق-

سەتسىز تىنماي ئىنتىلىش ۋە شىجائەت كۆرسىتىش، ئۆزىنىڭ ھەقلىقىغا ۋە غەلىبىسىگە قاتتىق ئىشىنىش زۆرۈر.

ئا. ئى. فېرسمان

بۈيۈك مەنزىلگە ئىنتىلىۋاتقان ئادەم خىيالپەرەس، داۋراڭكەش ياكى خام خىيال دېگەن لەقەمدىن قورقماسلىقى كېرەك. ئەسلىدە، بۇ لەقەملەر ئۇنى ئالغانلارنى ئەمەس، توقۇپ چىقارغانلارنى كۆپرەك شەرمەندە قىلىدۇ.

ئە. ياكوبىس

ئەگەر دونكىخوتلار چىقىرىپ تاشلانسا، تارىخ كىتابىنى يېپىپ قويغان تۈزۈك، چۈنكى ئۇنىڭدا ئوقۇشقا ئەرزىگۈدەك ھېچ نەرسە قالمايدۇ...

ئى. س. تۇرگېنېف

ئارزۇغا مايىللىقنى ساقلاش بۈيۈك دانىشمەنلىكتۇر، ئارزۇلار دۇنياغا گۈزەللىك ۋە مەنە بەخت ئېتىدۇ. ئارزۇلار ئىزچىل ۋە ئاساسلىق بولسا، ئۆز ئۆلچىمى ۋە قىياسى بىلەن رېئاللىق يارىتىش يولىدا، يەنىمۇ سۈزۈلۈپ بارىدۇ.

ئا. فرانس

ئەمگەك ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدە جاسارەت ۋە تەلۋىلىكتىن

ھېيىقماسلىق كېرەك.

م. گوركىي

بىز بىرەر ئىلمىي تەپەككۇر ساھەسىدە داددىللىقتىن چۆمەسلىكىمىز كېرەك؛ مۇھىمى داددىللىقنىڭ جۈرئەت ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز، ئۇنى رېئاللىق ياكى پاكىت تەرىقىسىدە قوبۇل قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئا. ئى. فېرسمان

ئەگەر داددىللىق بولمىغاندا، تەرەققىياتمۇ بولمايتتى.

ۋ. ۋ. ۋېرېسايېف

ئادەتتە كۆپ بىلگەنلەر ئەمەس، ئاز بىلگەنلەر «پەن ئۇ يا بۇ مەسىلىنى ھېچقاچان ھەل قىلالمايدۇ» دەپ قەتئىي تەكىتلەشلىرى مۇمكىن.

ج. دارۋىن

قولىدىن كېلىدىغىنىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، قولىدىن كەلمەيدىغانغىمۇ ئۇرۇنۇشنى ئۇنتۇما.

ئا. گ. روبىنشتېين

تەرەققىيات پەقەت جاسارەت سەۋەبىدىنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ۋ. هيۇگو

پەندىكى ھەربىر مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ مەنبەسى خىيالىمىزنىڭ بۈيۈك دادىللىقىدۇر.

ج. ديوئى

تەسەۋۋۇرسىز ئادەم تېلېسكوپسىز ئوبسېرۋاتورىيىنىڭ ئۆزى.

گ. بىچېر

خىيال تەسىرچان ئادەمنى سەنئەتكار، يۈرەكلىكنى قەھرىمان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ئا. فرانس

چوڭقۇر خىيال ۋەقەلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

م. مانتېن



ھەرقانداق ئىنقىلابمۇ ئاۋۋال پىكىر تەرىقىسىدە بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە تۇغۇلغان.

ر. ئېمېرسون

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىلىم ھەمىشە پەرەزلەردىن باشلىنىدۇ.

ئا. گومبولدت

كەشپىياتلار تاسادىپەن روياپقا چىقىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدا ھەر قانداق ئادەم — باشقا ئادەمنى، ياش قېرىنى، ساۋاتسىز دانىشـمەننى ئوقۇتۇشى مۇمكىن.

ئۇ. گارۋېي

ئادەم چۈشىنىشنىڭ ئىلاجى يوق نەرسىنىمۇ چۈشىنىش مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىشى كېرەك.

ئى. گيوتى

ھەربىر نەرسىدە باشقا ھېچبىر كىشى كۆرمىگەننى كۆرۈشكە، ھېچبىر كىشى باش قاتۇرمىغان جەھەتنى تېپىشقا ئىنتىلىش لازىم.

گ. لىختېنبېرگ



كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان ۋە ھەممە كىشى ئاللىقاچانلا ھەل قىلىنغان دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن پىكىرلەرنىمۇ ھەممىدىن كۆپرەك تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

گ. لىختېنبېرگ

ئادەملەرنىڭ ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ساناش خاھىشى بەك كۆپ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ چېگراسى يوق ۋە كىشىلىك ھېچقاچان ئۆزىگە «توختا، بەس، باشقا بارىدىغان مەنزىل يوق!» دېمەيدۇ. ۋەھالەنكى، ھازىرچە ئىنسانىيەت كۆپ نەرسىلەرگە ئىگە بولغان ئىكەن، بۇ يېقىن ئارىدا، ئۇ يەنىمۇ كۆپرەك نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر دېگەن گەپتۇر.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

ئىنسان ئەقلى چەكسىز. ئۇ بىر يەردە توختاشنىمۇ، خاتىرجەملىكنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشنى ياقتۇرىدۇ.

ف. بېكون

تەرەققىياتىمىز ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ ۋە بىز ھەرقانچە تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرگىنىمىزدىمۇ، تەبىئەت ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىقىمىزنى قايسى دەرىجىگە يەتكۈزۈشنى بىلىش تېخى قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

بىز تەلۋە خىياللاردىن تارتىپ مۇتلەق رېئال ۋەقەلىكنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپىلەر چەكسىز سۈرئەت بىلەن قىسقىرىپ بېرىۋاتقان زاماندا ياشىماقتىمىز.

م. گوركىي

پەن باسقۇچمۇ باسقۇچ يۈكسەلمەكتە، ئادەملەرنىڭ بىلىم دائىرىسى كېڭەيمەكتە. ئېھتىياجلار ئۆسمەكتە ۋە تۈنۈگۈنلا مۆجىزە تۇيۇلغان نەرسە، بۈگۈن ئاددىي ۋەقە بولۇپ قالماقتا.

ۋ. ئا. ئوبروچېف

پەن ئالغا سىلجىغانسېرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ بارىدۇ.

ۋ. ھيۇگو

ئىلمىي خادىمنىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلىتى ئەمگەكچانلىق. ئادەتتە، تەجرىبە زور غەيرەت شىجائەت تەلەپ قىلىدىغان قايتا قايتا تەكشۈرۈشلەرنى تەقەززا قىلىدۇ. «ئەمگەكسىز ھەقىقىي بۈيۈكلۈك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىدى گيوتى، ئۇنىڭ بۇ دېگىنى ھەقىقەتەن ئىدى.

ك. ئى. سىركايابىن

پەن ساھەلىرى ئۇيۇقتا ئوخشايدۇ. ئۇلارغا قانچە يېقىنلىشا-

لىسا، ئۇلار شۇنچە يىراقلىشىۋېرىدۇ.

پ. بوئاست

بۇرۇنقى ۋاقىتىدا پەننىڭ چېگراسى بولغان جاي، بۈگۈن ئۇنىڭ نەق مەركىزىدۇر.

گ. لىختېنبېرگ

ئىلمىي كەشپىياتلارنىڭ بىردىنلا ۋۇجۇدقا چىقىشى ئاز ئۇچ-رايدۇ. ئادەتتە، ئۇنى بىرىنچى قېتىم تاپقانلار ئاشۇ تېپىلغان نەر-سىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئىشەندۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئەمما، بۇ كەشپىياتلار كۆپچىلىكنىڭ ئەمگىكى ۋە شۇ ۋاقىتقىچە توپلانغان ھەممە مەلۇماتلارنىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدىلا ۋۇجۇدقا كەلگىنىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

د. ئى. مېندېلېيېف

پىشىپ يېتىلگەن ۋە زامان تەقەززا قىلغان پىكىرلەر بىر بىرىدىن مۇستەسنا تەرىقىدە بىر يولى يۈزلەپ، مىڭلاپ تۇغۇلۇشىمۇ مۇمكىن.



ئى. گيوتى

ئىلمىي پەرەزلەر ھەمىشە شۇ پەرەزلەرنى تۇغدۇرغان دەلىللەر

دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ۋ. ئى. ۋېرنادىسكىي

غايە ئورنىنى ئەقىل ۋە تەسەۋۋۇر كۆچى ئىگىلىگەن پەرەزلەرمۇ بار.

ئى. گيوتى

پەننىڭ ئورنىدىن سىلجىشى، راۋاجى، يەنىمۇ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن، پەرەزلەرمۇ خۇددى تەجرىبە ۋە كۆزىتىشلەردىن ئېلىنغان نەتىجىلەرگە ئوخشاش زۆرۈردۇر.

ئى. گيوتى

پەرەزلەر بىنا ئالدىغا تىكلەنگەن، ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ئېلىپ تاشلىنىدىغان جاھازىلاردۇر. ئۇلار ئۆي ياساۋاتقانلار ئۈچۈن كېرەك؛ ئۆي ياسىغۇچىلار جاھازىلارنى بىنا دەپ ئويلىماسلىقى زۆرۈر.

ئى. گيوتى



پەرەزلەر قانچىلىك دەرگۇمان بولمىسۇن، ئەگەر مەۋجۇت ھادىسىلەرنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە يېڭىلىرىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى ياراتسا، ئۇلار پايدىلىقتۇر. ئېلېكتر قۇۋۋىتى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاتومنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى پەرەزلەر شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

ك. ئە. تسولكوۋسكىي

دېھقان سايمىنى تېرىلغۇ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرغىنىدەك پەرەزلەرمۇ ئىلمىي ئىشنى يېنىكلەشتۈرىدۇ ۋە توغرا يولغا سالىدۇ.

د. ئى. مېندېلېيېف

ھېچ نەرسە ئىجاد قىلمىغاندىن كۆرە، ۋاقتى كېلىپ نا توغرا بولۇپ چىققىدىغان پەرەزگە ئەگەشكەنمۇ ياخشى.

د. ئى. مېندېلېيېف

ھەممە پەرەزلەردىن تەتقىق قىلىنىۋاتقان نەرسىلەر توغرىسىدىكى كېيىنكى پىكىرنى ئۈزۈپ قويمايدىغىنىنى تاللاڭ.

د. ماكسۋېلل

دادىل پىكىرلەر ئويۇنلىۋاتقان شاھمات ئۇرۇقلىرىغا ئوخشايدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرى قۇربان بولۇپ، غەلىبىنى تەمىنلەيدۇ.



ئى. گيوتى

بۈيۈك كىشىلەر تېپىپ ئۆلگۈرگەن ئەڭ مۇھىم ھەقىقەتلەرنى ئېچىشنىڭ يېگانە يولى پەرەزلەردۇر.

م. ۋ. لومونوسوف

www.uyghurkitap.com

بۈيۈك كەشپىياتلار، ئىلمىي تەپەككۇر ساھەسىدىكى ئالدىغا سەكرەشلەر، ھەقىقىي ئىجادىي مېتود، زېرەكلىك يولى بىلەن يارىتىلىدۇ.

ل. برويل

ئىنسانىيەت ئۆز كۈچلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ ئىگىلەپ بارماقتا، ھازىر ئۇنىڭ قولى يەتمەيدىغان نەرسىلەرمۇ ۋاقتى كېلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېقىن، چۈشىنىشلىك بولۇپ قالىدۇ. پەقەت بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەش، ھەقىقەت ئىزلەۋاتقانلارغا ھەر تەرەپلىمە ياردەملىشىش كېرەك.

ئا. پ. چېخوف

پەن يولىدا قىلىنىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى، ئۇنىڭغا يېڭى غايىلەرنى كىرگۈزۈشتۇر.

ج. تومسون

باشقىلار تاپقان گۈزەللىكنى سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن دەپ بىلسەڭ، ئۇنى بىلىپ قەدرىگە يەتسەڭ، ئاخىر، ئۇمۇ ئىجاد قىلىشتىن كەم ئەمەسقۇ؟

ئى. گيوتى

يېڭى غايىلەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش كېرەك، ھەممە كىشى بۇنداق جۈرئەتكە ئىگە بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك پەزىلىتىدۇر.

ك. ئە. تسىولكوۋسكي

ئىختىراچىلار بىلەن، ھەتتا ئۇلار بىرمۇنچە يارامسىزلىقلارنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئىش ئېلىپ بېرىشنى بىلىش لازىم.

ۋ. ئى. لېنىن

بىز يېڭىلىق بىخلىرىنى دىققەت بىلەن ئۆگىنىشىمىز، ئۇلارغا غايەت ئېتىبار بىلەن قارىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆسۈشىگە ...ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىشىمىز زۆرۈر.

ۋ. ئى. لېنىن

يەر يۈزىدە ھېچنېمە مۇكەممەل ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرەققىياتقا زامىن بولۇپ، كونا ئەپسانە، تەلىمات، ئەقىدە، كۆرسەتمىلەرگە يېپىشىۋېلىش يارىمايدۇ. بۇنىڭدىن، مىڭ ياكى يۈز يىللار ئاۋۋال قوبۇل كۆرگەن نەرسە، بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي يارامسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ۋ. ۋېيتلىڭ

www.uyghurkitap.com

دوگماتىزم —پەندىكى تەرەققىياتنى بوغىدۇ؛ جانلىق نەپەكا كۆرنى ئۆز ئورنى دائىرىسىدە تاش يىلتىزدەك قېتىپ قېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ن. ئا. روباكىن

دوگماتىزم —چالا موللىلىقنىڭ ئېنىق كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى.

ن. ئا. روباكىن

مۇتەئەسسىپ —ئىككى ئايغى ساپساق تۇرۇپ، مېڭىسىنى ئۆگىنەلمىگەن ئادەمدۇر.

روزۋېلت

مۇتەئەسسىپلىك ئاسانلىق تۇپرىقىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

م. گوركىي



كوممۇنىست بولۇش — جاسارەت كۆرسىتىش، پىكىر قىلىش، ئىزلىنىش، تارتىنماسلىق دېگەن بولىدۇ.

ۋ. ۋ. ماياكوۋسكىي

تەسەۋۋۇر، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ تەسەۋۋۇركى، ئۇ ۋەقەلىككە ئايلىنىدۇ.

ۋ. ئو. كليوچېۋسكىي

دۇنيادا يەڭگىلى بولمايدىغان نەرسە يوق.

ئا. ۋ. سوۋوروف

ئادەملەر قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان ھېچنېمە يوق.

گوراتسىي

پەن ئادەملەرنى يەر شارىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قۇۋۋەتلەردىن پايدىلىنىشقا ئۆگىتىدۇ. ئۇ ئىنسانىي كائىنات سىرلىرىنى يېشىشكە يېتەكلىشى ۋە قۇياش نۇرلىرى قۇۋۋىتىنى جۇلالاندۇرۇشقا ئۆگىتىشى لازىم.

ن. ئا. ئوموف



بۈگۈن مۇمكىن بولمىغان نەرسە ئەتە يېشىلىدۇ.

ك. ئە. تسولكوۋسكىي

ھازىر بىلمىسەك، خوش، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتىمۇ، شۇ-

ھېسسىز، بىلىۋالىمىز. ئىپتىدائىي ئادەم بۇگۇنكى نەرسىلەرنىڭ كۆپىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئاشۇ ئىپتىدائىي ناتىۋانلارلا ئۆزى بىلەلگەنلىرىنى ئومۇمەن بىلىش مۇمكىن بولغان نەرسە دەپ ئويلايتتى.

ك. ئە. تىسولكوۋسكىي

ۋاقتى كېلىپ يەن خىيالدىن ئۆزىراپ كېتىمىدۇ.

ژيول ۋېرن

مەن نېمىكى يازماي، نېمىكى توقۇماي، — ئۇلار ھامىنى مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەردىن دائىم تۆۋەن تۇرىدۇ. شۇنداق ۋاقىتلار كېلىدۇكى، پەن نەتىجىلىرى تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ.

ژيول ۋېرن

ھاياتتا ئوشۇقى ئالچا چۈشكەن ئادەملەر — بىلىنى مەھكەم باغلاپ ئۆزلىرىگە كېرەكلىك تاسادىپىيلارنى ئىزلىگەن كىشىلەردۇر.

ب. شوئو



چەكسىز ئىمكانىيەتلەر ھەممە كىشىگە دۇچ كېلىدۇ يۇ، بىراق كۆپ ئادەم ئۇنىڭغا دۇچ كەلگەنلىرىنى ھەتتا بىلمەي قالىدۇ.

ئو. جىنىنىڭ

مەن ئىجادىي فانتازىيىگە، ئېنىق بىلىملەرگە ئاساسلانغان ئارزۇلارنى ئەمەلدە قوللاشنى دەۋەت قىلىمەن.

ئى. پ. باردىن

تەرەققىيات ئەقلىي كامالەتكە تايىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى توغرىدىن توغرا بىلىملەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە روناق تېپىشىدىن ئىبارەت.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

بىلىملەرنىڭ ئېشىشى بىلەن تەسەۋۋۇر كۈچىمۇ چوڭقىيىۋېرىدۇ.

ك. گ. پائۇستوۋىسكىي

كىمىكى تەسەۋۋۇرى بولۇپ، بىلىمى بولمىسا، ئۇ قاناتلىق ئەمما ئاياغسىزدۇر.



ج. جوربېس

تەسەۋۋۇرنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان بىرلا نەرسە — ئەمەلىيەت.

ژ. پېرژېس

تەسەۋۋۇردا تۇغۇلغان مىڭلىغان مۇلاھىزىدىن كۆرە، مەن پە-
قەت بىرلا ئەمەلىيەتنى ئەۋزەل كۆرىمەن.

م. ۋ. لومونوسوف

پاكىتلارنىڭ ئەھمىيىتىنى كەمسىتمەيلى؛ قاچاندۇر ئۇنىڭدا ھەقىقەت چېچەكى پۇراق چاچىدۇ.

گ. تورا

مەۋجۇت نەزەرىيىلەر، قېلىپقا چۈشمەيدىغان پاكىتلار پەن ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر. پەننىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى راۋاجلىنىشى ئاساسەن، ئاشۇ پاكىتلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن باغلىق بولىدۇ.

ئا. م. بوتېلېروف

بوگۈن ئۈشتاق، يالغۇز ۋە ئەھمىيەتسىز تۇيۇلغان پاكىتلار يېڭى كەشپىياتلار سەۋەبىدىن ئەتە پەننىڭ مەزمۇنلۇق يېڭى تارمى-قىغا ئاساس بولۇشى مۇمكىن.

ئا. م. بوتېلېروف

كىچىككىنە بىر پاكىت ئەمەلگە ئاشمىغان قانچىلىغان ئار-زۇلارنى ئاقلايدۇ.

ر. ئېمېرسون

ئەمەلىيەت ۋە كۆزىتىش — دانىشمەنلىكنىڭ تۇگىمەس بۇ-
لىقى، ئۇنىڭدىن خالىغان ئادەم بەھرىمەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ. جېننىڭ

ھاياتنىڭ مەڭگۈ مۇئەللىمى — ئەمەلىيەت.

ئى. گيوتى

پەقەت ئەمەلىيەتلا، بىزنى ھايات نېمەتلىرىنى قەدىرلەشكە
ئۆگىتىدۇ.

ئى. گيوتى

ھەقىقىي بىلىمنىڭ مەنبەسى — پاكىتلاردا.

پ. بوئاست

ماڭا تايانچ نۇقتىسىنى بېرىڭلار، يەرنى ئۆز ئورنىدىن قوزغى-
تىمەن.



ئارخېمىد

پەنني تىلنى سۈيىئىستېمال قىلىش پاكىتلار ئىلمىنى سۆز
ئىلمىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ج. كوندورسې

www.uyghurkitap.com

پاكىتلار ئىنسان ئەمەلىيىتىنى بەرپا قىلغان خىشلاردۇر، ئۇلار سىزنىڭ ئىجاد قورالىڭىزدۇر. تىنىماي پاكىت ئىزلەڭ، ئۇلارنى تەبىئەتتىن ۋە كىتابلاردىن توپلاڭ، ئارقىمۇ ئارقا ياخشى دەرسلىك-لەرنى ئوقۇڭ.

ۋ. ئا. ئوبروچېف

بىز مۇلاھىزىلەرنى ئەمەس، پاكىتلارنى چۈشىنىشكە ئىنتى-لىشىمىز ۋە پىكىرلىرىمىز رېتىمىدىن بۇ پاكىتلارغا ئورۇن تېپىپ بېرىشىمىز لازىم.

گ. لىختېنبېرگ

كىشىنى رەسمىيەتچىگە ئايلاندۇرغۇچى پاكىتلاردىن خەۋەر-دارلىق ھەقىقىي بىلىم ئەمەس، بەلكى ئاشۇ پاكىتلاردىن پايدىلى-نىش، ئۇنى پەيلاسوپ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ.

گ. باكل



پەندە غايىلەرنى ئىزلەش كېرەك. غايىسىز پەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پاكىتلارنى بىلىشنىڭ قىممىتى ئاساسەن شۇ-نىڭدىكى، ئۇلاردا غايىلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. غايىسىز پاكىتلار

مېڭە ۋە خاتىرىنىڭ بۇلغىنىشىدۇر.

ۋ. گ. بېلىنىسكىي

پاكىتلاردىن مەنە چىقىرىشنى بىلىش كېرەك.

م. گوركىي

ھەممە پاكىتلارمۇ يېزىپ ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بولۇۋەرمەيدۇ.

ف. ۋولتېر

بىمەنە تۇيغۇلارغا ئىشىنىش — پەمسىزنىڭ خىسلىتى.

ھېراكلىت

يۈزەكى ئادەم جاھالەتنى مەنىلىك، ياۋۇزلۇقنى زەبەر دەسلىك، مەۋھۇملىقنى چەكسىزلىك، بىمەنىلىكنى ناھايىتى تەسىرچانلىق دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

ف. شىللېر



ئىلمىي ئىشنى دائىمىي ئەمەلىيەتلەر ۋە ئېنىق كۆرگەزمىلەر ۋاستىسىدە توغرا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بەرداشلىق ۋە ماھارەت كېرەك.

ژ. ماكسۋېل

پىلانسىز ئادەم مەلۇم پاكىتلار كوچىسىدىمۇ ئاسانلا ئادىشىدۇ.

د. ئى. مېندېلېيېف

پاكىتلار، ھەممە ۋاقىت پاكىتلار ئۆگىتىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، غايىلەر بولسا ئۇنىڭغا يولداش، ئۇلار پاكىتلارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ.

م. گوركىي

پاكىتلار —شۇنداق نەرسىكى، شۇبھە ـ گۇمانلار ئۇنىڭدىن خۇددى تۆمۈرگە ئۇرۇلۇپ سەكرىگەن رېزىنكە توپتەك قاچىدۇ.

م. گوركىي

سۆزلەر تۇركۇمىدىن نۇتۇق، رەڭلەر يىغىندىسىدىن مۇئەييەن قىياپەتلەر تۇغۇلغاندەك، بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزئارا باغلانغان ناھايىتى نۇرغۇن پاكىتلارنى بىلىشتىن ھەقىقىي مەنىدىكى يۈكسەك بىلىم پەيدا بولىدۇ.

ئا. م. بوتلېروف

تەسەۋۋۇر (imagin) — ئىنسانغا خاس ئىقتىدار بولۇپ، ئۇ ئىدراكىي ئوبرازلارنى ئەركىن ئۇيۇشتۇرىدىغان پسىخىك جەريانىدا

يۈز بېرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك تەسەۋۋۇر ھېس ـ ئىدراك قىلىنغان ماـ تېرىياللارنى تاللاش ۋە شاللاش، چېتىش ۋە چاتاقلىتىش، قايتا قۇراشتۇرۇش، ئەكسىچە ياكى باشقىچە قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىش قوشۇش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. تەسەۋۋۇرنىڭ ئۇلى ھېس ئىدراك ۋە ئۇنىڭ جەمغىرلەنگەن شەكلى بولغان خاتىرىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تەسەۋۋۇر ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي بىلىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە ھېسسىياتنىڭ ۋە ھېسسىيات شەـ كىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىنسان ھەمىشە تەسەۋۋۇردىن ئايرىلالمايدۇ. ئىجادىي خاراكـ تېرلىك ۋە غەيرىي ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇرنىڭ ھەممىـ سىدە قانداقتۇر بىر «قۇراشتۇرۇلمىلىق»، بىر ئىجادىيلىك ساقـ لانغان بولىدۇ. ئەمما جىددىي مەنىدە ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋـ ۋۇر بىلەن غەيرىي ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر بىر بىرىدىن پەرقلەندۇرۇلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

www.uyghurkitap.com

ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر ئىلمىي تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ، ئىلمىي تەسەۋۋۇر —ئىلمىي — تېخنىكىلىق كىپوتىزا، مۆلچەر، قىياسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ بىۋاستە ھەقىقەتلىك ۋە ئۈنۈمدارلىق قىممىتىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئۇچرايدۇ. بەدىئىي تەسەۋۋۇر بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە بەدىئىي زوق جەريانلىرىدا يۈز بېرىدىغان قوشما تەسەۋۋۇر بولۇپ، ئۇ ئېستېتىك ھېسسىيات، سەنئەت گۈزەللىكى ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئوبرازلىرى بىلەن تونۇشقان بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ مۇھىم شەرتى قوشما تەسەۋۋۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىمە خاراكتېرلىك، تۈرلىمە خاراكتېرلىك ۋە ئەسكەردىيەتلىك قوشما تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي شەكلى بار.

ئەسلىمە خاراكتېرلىك قوشما تەسەۋۋۇر دېگىنىمىز — A نى كۆرگەندە B نى ئەسلەشتىن ھاسىل بولغان تەسەۋۋۇرنى كۆرسىتىدۇ.

تۈرلىمە خاراكتېرلىك قوشما تەسەۋۋۇر دېگىنىمىز — بىرەر نەرسىنى شۇنىڭغا تۈرداش، سۈپەتداش بولغان باشقا نەرسە بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسكەرىيەتلىك قوشما تەسەۋۋۇر دېگىنىمىز — بىر نەرسى-دىن ئۇنىڭ تەتۈرسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئالدىن كۆرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى. ئى-جادىي تەسەۋۋۇرسىز ئىجادىي تەپەككۇر جەريانلىرىنىڭ تولتوكۇس شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىجادىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرسىز ئىلمىي گىپوتىزا، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ھەقىقىي ئىجادى-يەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

پىكىر دېڭىزى چوڭقۇر، ئۇنىڭدا رەڭگارەڭ مارجانلار چاقنايدۇ. ئۇنىڭسىز ئالەم ئۆزىنىڭ جاھالىتى ۋە دەھشىتىدىن يانمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

پىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. ھەيران بولۇپ، چۆچۈپ ئەندىكىپ، ھاياجان ۋە بارىكاللا ئوقۇپ، قاقشاپ ۋە كۆز يېشىمنى تۆكۈپ پىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.

پىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. خۇدالار قۇدرەتلىرى، ئەۋ-لىيالار ھېكمەتلىرى توغرىسىدا ئەمەس، جانلىق ئادەمنىڭ ئاجايىپ غارايىپ قىسمەتلىرى ھەققىدە رەڭسىز، ياسالمىسىز پىكىر قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارىيسى

لىشنى ياخشى كۆرىمەن.

ئېرىنىش ماڭا نادانلىق، ئالداش ماڭا گۇناھ، پەخىر قىلماسلىق ماڭا پاسىقلىق.

جاھانىمدا ئەينىكىگە نەزەر سالغىنىمدا گۈزەل مەلىكە شىرىننى ياكى خاسىيەتلىك رەناگۈلنى دېرەكلىۋاتقىنىم يوق. كۆزۈمگە چېلىققىنى: يالاڭ ئاياغلار، توڭۇپ دوغدايغان گەۋدىلەر، موھتاج چىرايلار، نىجادىيەت تىلەكلىرى...

مەن خىزىر ئەمەس، ئۇلار مېنىڭ خىزىرىم. مەن پەقەت يۈرەكنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاشىق، تەگرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان راھىب.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

پەرقلەندۈرەلمىگەن كۆڭۈلدە پەزىلەت بولمايدۇ. ھامىيلىق قىلالمايدىغان كىشىدە ئەرك بولمايدۇ. ئىلىم ۋە ھەققانىيەت، ئەخلاق ۋە تەربىيىنىڭ غايەت زور قۇدرىتىدىن باشقا، كىشىلەردىكى تەسەۋۋۇر ئاجىزلىقى ۋە ھېسسىي مايىلدارلىقنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىدىن پايدىلىنىپ پەيدا قىلىشقا بولىدىغان ئاجايىپ مۆمكىنلىكلەرنىڭ دراملىق قۇدرىتىگە ئېخىمۇ يۇقىرى نەزەر سالىمەن.

ھەيران بولما. نۇقتىدا ئالەمنى توختاتقان سەنئەت شۇنىڭدا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

تەسەۋۋۇر ۋە چىنلىق!

چىنلىقسىز تەسەۋۋۇر جۇغلانمىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، تەسەۋۋۇر ياردىمىسىز چىنلىقنىڭ ماھىيىتىنى كۆرەلمەيسەن. ئەگەر ئارگۇستەك يۈز كۆزۈڭ بولسىمۇ كۆرەلمەيسەن. چىنلىق — مەۋجۇدىيەت دەرياسى، ئۇنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى سەن توختىغان بىرلا ئۆتكەل ئەمەس. تەسەۋۋۇرسىز چىنلىق ۋە چىنلىقسىز تەسەۋۋۇر ئىككى چوڭ ئالدامچىلىق...

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

تەسەۋۋۇر، ھېس ئىدراك قىلىنغان ماتېرىياللارنى تاللاش ۋە شاللاش، چېتىش ۋە چاتاقلىتىش، قايتا قۇراشتۇرۇش ۋە ئىش قوشۇش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن



تەسەۋۋۇرنىڭ ئۇلى، ھېس ئىدراك بىلەن خاتىرە بولۇپ، تەسەۋۋۇر جەريانى ئىدراك بىلەن خاتىرىنىڭ قوشۇلۇش، قايتا قۇراشتۇرۇلۇش ۋە ئىجادىي پىكىرلەر يارىتىش جەريانىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، خاتىرىسىز تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، تەسەۋۋۇرسىز ئىجادىيەتنىڭ بو-

www.uyghurkitap.com

لۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

تەسەۋۋۇر، ھېسسىيات ۋە ئەقلىي بىلىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا تەسەۋۋۇرنى ھېسسىيات ۋە ئەقلىي بىلىشتىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

ئالەم، قەلبى يورۇق كىشىلەر ئۈچۈن، تەپەككۇر ئەھلى ئۈچۈن تەپەككۇر پاكلىقى ۋە تەپەككۇر بايلىقىدىن قىممەتلىكرەك خەزىنە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» دىن

يېپەك يولىدىكى تارىخنىڭ ئۆلگەن ھادىسىلەر قەبرىستانلىقىدىن ئۆلمەس تۆت ماھىيەتلىك مۆجىزە — تارىخ شېخى، سەنئەت يوپۇرمىقى، ئەدەبىيات گۈلى ۋە ھېكمەت ئۇرۇقى ئۈنۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭدا ئۆتمۈش كەلگۈسىگە تارىخىي تەپەككۇر، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر شەكلىدە ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» تىن

كىشىلەر ھۇما قۇشىنى بەخت سائادەتنىڭ ئەلچىسى دەپ

سۆيۈنۈشتى. دەرۋەقە، ھۇما قۇشنىڭ قۇتلۇق تۇخۇمى خەلقنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى تىركەك قىلغان مەنىۋى قىياپىتى ئىچىدە يېتىلىدۇ ۋە ئېچىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» تىن

نەزەرىيىۋى تەپەككۇر — پەيلاسوپلار تارىخقا زورلاپ تەقدىم قىلىۋاتقان «مەدرىسە پەلسەپىسى» بولماستىن، بەلكى ئىنسان تارىخىنىڭ ئىنسانىي ئاڭ تەرىپىدىن ئاڭلىق ئىگىلىنىش سەۋىيىسىدىن ئىبارەت. تارىخ ھازىرغىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەن ھەربىر خەلقنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن نوپۇس، قورال كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچ ياكى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بىلەن ئەمەس. بەلكى مەنتىقىي پىكىرنىڭ تاجى، روھىيەت دۇنياسىدىكى يېگانە قۇياش — نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» تىن

49

بىزنىڭ بارلىق پەزىلەت ياكى ئىللەتلىرىمىز بىلەن قۇدرەت ياكى زەئىپلىكلىرىمىز نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەرىجىمىز بىلەن تۇتاشقان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولدا قايتا ئويلىنىش» تىن

نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەل ئۆلمەس تارىخنىڭ بىلىۋېلىنغان ئاڭ شەكلىدىن ئىبارەت. بۇنداق نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن مەھرۇم ھالەتتە مىللەتنىڭ كامالەت دەرىجىسىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ قىممىتى، ئىقتىدارى، نىسىۋىسىنى ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەس. بىزنى ئەزەلدىنلا قايناق ھېسسىيات تۈرتكىسىدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر، ئەقىل پاراسەت تەمكىنلىكىدىن ئايرىلىپ، تەلۋىلەرچە قارىسىغا دەسسەپ كەلگەن خەلق دېيىش ئادالەتسىزلىك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» تىن

مىللەتنىڭ ئويۇشۇش كۈچى ۋە ھەمدەملىكىنى پارچىلاۋاتقان ئىللەتلەردىن جۈملىدىن مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ جامائەت ئىچىدىكى يۇكسەك تەسىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىلھامبەخش كۈچىدىن چۆچۈپ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان پىتنە ئىغۋا تۆھمەتلەرنى پەرق ئېتىش ئېتەلمەسلىكىمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئېگىزلىكىدىكى ئەقىل پاراسەتكە باغلىق. بۇنداق ئەقىل پاراسەت بولمىغاندا، ھابىلنى ئۆز قولى بىلەن ئۆرۈپ، ئۇنى باشقىلار تىلى بىلەن ئادىل ئۆردى دەپ غاپىل كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان جاھىل ئىغۋاچىلارنى تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» تىن

كالېندار سەھىپىلىرى تارىخنىڭ يەنە قانداق ئويۇنلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز. بىزدە يېتەرلىك تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېڭى يولدا قايتا ئويلىنىش» تىن

ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىزدىن دۇنيانى يېڭى تەپەككۇردا كۆزىتىشنى تەلەپ قىلماقتا. يېڭى تەپەككۇر دېگىنىمىز، ھازىرقى زامان ئېڭىغا ۋە ھازىرقى زامان مېتودولوگىيىسىگە ئىگە تەپەككۇر دېمەكتۇر. ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەنە شۇنداق تەپەككۇر بىلەن تەھلىل قىلغاندىلا ئىلمىي خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ. بىر مۇنچە كىشىلەر بىرەر مەسىلە توغرا كەلسىلا ھامان ئۆزىنى كەمچىلىكسىز مۇكەممەل قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، ئەيىبىنى باشقىلارغا ئىتتىرىدۇ. ئۇ كونا تەپەككۇر. ئۇنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشقا ياردىمى بولمايدۇ، كۆپ بولسا، ۋاقتىنچە ئۆز ئۆزىگە تەسەللى بولىدۇ.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» تىن

خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى ئاخىرقى ھېسابتا نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا باغلىق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تەپەككۇر تۆپەيلىدىن سىرىن ياپالماس ئالەم،
پەرقلەنگەن تەپەككۇر سەۋەبلىك ھايۋان، ئادەم.
ئەمما شۇ تەپەككۇرنىڭ سۈپەت، قىممىتى ھەرخىل،
قانداقمۇ بىرخىل بولسۇن جەددال، سۇلايمان، ھاتەم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن

تەپەككۇر ھەممە كىشىدە بىردەك ئېچىلغان، جارى قىلىنغان، تۆھپىكارلىق ماقامىغا كۆتۈرۈلگەن ئەمەس؛ تەپەككۇرنىڭ مىقدار ۋە سۈپەتلىرى، مۇددىئا ۋە ئاقىۋەتلىرى، شەكىل ۋە ئۇسۇللىرى ھەممە كىشىدە بىردەك ئەمەس، كىشىلىك دۇنياسى ھاڭقاي دەلدۈشتىن، ھاڭۋاقتى خاراموشتىن تاكى ئەقىلدان زەكىي، دانا مۇتەپەككۇر-گىچە؛ تەرسا جاھىلدىن، تەنتەك ھاماقەتتىن تاكى ئارىف فازىل، تەقۋا مۇرشىدىغىچە؛ ھىيلىگەر مۇغەمبەردىن، خەسىس ئاچ كۆز-دىن تاكى ھالال كۆڭۈل، ھىممەتكار ساھىبىگىچە؛ تۇتۇرۇقسىز پىكىردىن، مەنتىق ناتىققىچە ھەرخىل تەپەككۇر ئىگىلىرىنى كۆرۈپ كەلمەكتە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن

تەپەككۇر ئۇلۇغ ئىقتىدار، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ قىممىتىدە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن

تەپەككۇر كىشىلىك مەدەنىيىتىنى ياراتقان، ئۇنى يەنە راۋاج- لاندۇرۇشمۇ، خانىۋەيران قىلىشىمۇ مۇمكىن.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن**

ئىنسان تۇركۇمى ئىچىدىكى ھەر كىم تەپەككۇر قىممىتى تۇپەيلى بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئىزگۇ ۋە قاباھەت، يۈكسەكلىك ۋە پەسكەشلىك، ھۆرلۈك ۋە قۇللۇق، ئۆتكۈرلۈك ۋە گاللىق، ھەتتا نۇرغۇن جەھەتلەردە غالىبلىق ۋە مەغلۇپلۇق، پايدا (تاپاۋەت) ۋە زىيان تەپەككۇر قىممىتىگە باغلىق.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن**

مىللەتنىڭ روھىنى ساغلاملاشتۇرۇش، خەلقنى پاسسىقلىقتىن ئارىغلىقا، زالالەتتىن سائادەتكە يېتەكلەيدىغان تەلىم تەربىيىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ئەۋلادلارنىڭ تەپەككۇر قىياپىتىنى، شۇ ئارقى- لىق روھىي مەلىكىسىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بىلىش كېرەككى، بەخت سائادەتنىڭ ئەنقا قۇشى — يۈكسەك تەپەككۇر چىنارىغا قونىدۇ!

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن**

ئالدىنقى قاتاردا ئەمەس ھەتتا نۇسرەتلىك مىللەتلەر قاتارىدا

www.uyghurkitap.com

ياشىماق ئۇچۇنمۇ يېتەرلىك ساغلام، ئۆتكۈر، مۇستەقىل تەپەككۇر قىممىتىگە ۋە قىياپىتىگە ئىگە بولۇش لازىم. بۇنداق تەپەككۇرسىز «ئەرشكە» چىققان بىلەن دىققەت نەزىرى زېمىندىكى «كەشى» دىن يىراقلىمايدۇ. «سەۋرى» دەرىخىگە چىقىپ «سەۋزە ئورىكى» گە دومىلاپ كېتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن

تەپەككۇر ئىقتىدارى ھەممىگە تەئەللۇق، ئەمما تەپەككۇر قىممىتى ھەر كالللىدا ھەرخىل.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن

ئۆز ئۆزىگە تەپەككۇر مۇجەسسىمى بولمىغان مىللەت ئۆز ئۆزىگە ئىگە بولمىغان مىللەتتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن

بەخت سائادەتنى دەسلەپ ئەلگە تىلە،
بەخت ئەمەس ئالتۇن بولسا يالغۇز تەڭلە.
تەپەككۇرسىز سائادەتتىن ئۈمىد كۈتمە،
ئۆز ئۆزىگە تەپەككۇرسىز ئىنسان — تەلۋە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» دىن

تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى

مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تۈزەش ۋە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئا-ساسلىق بىر ھالقىسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

ئويغاقلىق تەپەككۇرنى، تەپەككۇر كۆپ قىرلىق بىلىمنى تەلەپ قىلىدۇ. ئويغاقلىق يەنە پاك قەلبنى، پاك قەلبمۇ يەنە بىلىمدە پىشىش ۋە سۈزۈلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق «ئارىف» خەلقنىڭ ئەقلى ۋە قەلبىدىكى گۆھەر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلا-قى» دىن

نەزەرىيىۋى تەپەككۇر — تارىخنى قايتا ئويلاشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش» دىن

بىلىم گېزى كەلسە ئەخلەتكىمۇ ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىراق، تەپەككۇر قىلىشنى بىلىۋالغانلىق بىباھا ئەڭگۈشتەرگە ئېرىش-كەنگە باراۋەر.

فرانسس باكۇن

ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە، رىقابەتلىك جەمئىيەتتىكى ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇدرەتلىك تايانچ كۈچ — تەپەككۇر ئىقتىدارى.

كۆيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

بۈيۈك ئالىم ئېينىشتېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرىنى ئاشكارىلاپ: «تەپەككۇر بارلىق غەلىبىنىڭ مەنبەسىدۇر، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى ئويلىغاندەك، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغان ئادەم بولمەن دەيدىكەن، جەزمەن بىرىنچى بولۇپ تەپەككۇر بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشى كېرەك. مەن يېتىشنى ئارزۇ قىلغان نىشانىمغا قۇرۇق گەپ سۆزگە ئەمەس، بەلكى بىر ئۇلۇغۋار كۈچ تەپەككۇر ئىقتىدارىمغا تايىنىپ يەتكەن. مەن تەپەككۇر ئىقتىدارىم بولغاچقىلا، ئۇزۇپ چىقالىدىم» دېگەن.

كۆيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن



تەپەككۇر ئىقتىدارىمىز ھاياتىمىزدا غەلىبە قىلىش قىلىماسلىقىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچى. تەپەككۇر ئىقتىدارىمىز بولماي تۇرۇپ، ئېنىق چۈشەنچە، سەگەك كاللىغا ۋە مۇستەقىل كۆز قاراشقا ئىگە بولۇشىمىز، بىرەر مەسىلىنى بايقاپ ئوتتۇرىغا قويا-

لىشىمىز، توغرا ھۆكۈم ۋە قارار چىقىرالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى، قانداق قىلساق ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىمىز.

كۇيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

تەپەككۇر توغرا بولمايدىكەن، تاللاشمۇ خاتا بولىدۇ، تاللاش تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىدۇر.

كۇيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

ئىجادچان، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ياشاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرىمۇ شۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرگەن بىلگىنى كۆپ، ئۆز ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۇنۇمدار تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت سۆزگىلا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئۇخلىغان چاغلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار مېڭە ئىشلىتىشنى، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر قىلىشنى بىرەر مىنۇتمۇ توختاتمايدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقىلا، ئۇلار ھەمىشە ئەپچىل چارە تەدبىرلەرنى ئويلاپ چىقىپ، ئۆزىنى مەغلۇبىيەتتىن ساقلاپ قالالايدۇ، مەغلۇپ بولدى دېگەندىمۇ، مەغلۇبىيەت دەرىجە-

سىنى ئەڭ توۋەن چەككە چۈشۈرەلەيدۇ.

كۇيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

كىمكى تەپەككۇر ئىقتىدارىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنالىسا، ئۇ خۇددى نۇرلۇق ماياكقا ئوخشاش ئۇنىڭ ئادىمىيلىك خىسلەت يېتىلدۇرۇشىگە ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىنى بېيىتىشىغا نىشان كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ پاراسەت كامىللىقى ۋە غالىبىيەت نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

كۇيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

تەپەككۇر ھەممىگە قادىر قورالكى، ئۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبىدىكى تۈگۈنلىرىنى يېشىۋېتەلەيدۇ، تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئۆز قىلمىشىنى توغرا تاللاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا ئۆز نىشانىغا يېتىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئاقىلانە تەدبىر تېپىپ چىقىشتا زۆرۈر بولغان كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆز قىلمىشىغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان توغرا ئېتىقاد تىكلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئەكسىچە، تەپەككۇر



ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئىقتىدارى كەمچىل كىشىلەر رىقابەتكە تولغان ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە كەسپىي ھاياتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر پەقەت ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان خىيالپەرەس، كۈن بويى ئالدىراشلا يۈرسىمۇ تۈزۈك نەتىجە قازىنالمايدىغان ئىقتىدارسىز نان قېپى، باشقىلار ئىدىيىسىنىڭ قۇلى، قاتمال، دوگما ئېقىملارنىڭ ئەگەش-كۈچىلىرىدۇر، بۇنداق كىشىلەر ھەتتا ياخشى يامانىنى پەرق ئېتەل-مەس بولۇپ قالىدۇ.

كۈيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتى-دار» دىن

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى جەننەتكە ياكى دوزاخقا باشلىشىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل ئۇلار-نىڭ بالىلاردىكى ئۇلارنى قوغداپ ھەم تۇرمۇشىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر قورال تەپەككۇر ئىقتىدارىنى بالدۇرراق مەشىق-لەندۇرگەن مەشىقلەندۇرمىگەنلىكى ھەم ئۇنى ۋاقتىدا تې-خىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان قىلدۇرمىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

كۈيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتى-دار» دىن

تەپەككۇر ۋە ھۆكۈم ئىقتىدارى كەمچىل بالىلارنىڭ تاللىشى

ھەمىشە ئەخمىقانە بولۇپ چىقىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئەخمىقانە تال-لاشلارنىڭ ئۇلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە بولمايدۇ. بەلكى ھالقىلىق پەيتتىكى نامۇۋاپىق تاللاش ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تامامەن باشقا ياققا بۇرۇۋېتەلەيدۇ.

كۈيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

ئۇنۇملۇك تەپەككۇر ئىقتىدارى كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە بەختى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. شۈبھىسىزكى، تەپەككۇر ئىقتىدارىمۇ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ۋە بەختىنى بەلگىلەپ، تەقدىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

كۈيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

مۇستەقىل كۆز قاراشقا ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرلا مۇستەقىل مىجەز - خاراكتېرگە ئىگە، غۇرۇرلۇق، ئۈمىدلىك، ئىستىقباللىق، بەختلىك كىشىلەردىن بولالايدۇ.

كۈيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

بۇيۇك مۇتەپەككۇر بوتران روسسو ئېيتقانىدەك: « نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتسە كېتىدۇكى، تەپەككۇر قىلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى!».

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

تەپەككۇر ئىقتىدارىمۇ بىرخىل ماھارەت بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەممىمىز بۇ خىل ماھارەتنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنالايمىز، شۇنداقلا ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

تەپەككۇر —كىشىلىك تۇرمۇش مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ مەنبەسى.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن



بىزدە ئاقىلانە تالاش ئۇچۇن زۆرۈر بولغان ھۆكۈم ئىقتىدارى يېتەرلىك بولمىسا بولمايدۇ.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

كىشى ئۆمرىدىكى بىردىنبىر ئەھمىيەتلىك سانىلىدىغان پىكىر قىلىش دەل ئۇنىڭ مۇستەقىل مۇلاھىزىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا كىشى ئۆمرىدىكى ئەھمىيەتلىك تاللاشمۇ يەنىلا شۇ كىشىنىڭ ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىنكى ئۆزى مۇستەقىل تاللىشىدۇر.

كۇيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

قارار چىقىرىش ياكى ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ئىلگىرى مەسىلىنىڭ شەكلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە ئۆتۈش تەنقىدىي پىكىر قىلىش شەكلىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدۇر.

كۇيل خاردىمان: «باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

پەرزەنتلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قازىنالماسلىقىدىكى مۇھىم ھالقا — ئۇلاردىكى تەپەككۇر تەرتىپىدىن ئىبارەت. بۇ تەرتىپ ئالدىن پىلانلاش، ۋاقىتنى كونترول قىلىش، مۇمكىن بولغان توسالغۇلارنى تېپىپ چىقىش، تەجرىبىگە تايىنىپ توسالغۇلارنى يېڭىش ۋە ئەڭ ئاخىردا ۋەزىپىنى تېزلىكتە ئورۇنلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەپەككۇر

تەرتىپى دەل تەدبىركارلارچە تەپەككۇر جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

مۇستەقىل پىكىر قىلىپ، ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرالايدىغان كىشىلەر جاسارەتلىك كىشىلەردۇر.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

ئادەمزات تەپەككۇر قىلىپ تىرىشسا، ھەر قانداق ئىشنى بىجىرەلەيدۇ، مۇشكۇل ئىشلار ئىلىم پەن ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ھەل بولغۇسى.

موللا سىدىق يەركەندى

تاللاش پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر، چۈنكى تاللاش ئەقلىي بىلىشكە تايىنىدىغان مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ.



ئەبۇ نەسر فارابى

كىچىكلەرنىڭ تەپەككۇرىمۇ كىچىكلەرچە بولىدۇ، چوڭلارنىڭ تەپەككۇر، قىياسلىرى ئۇلۇغدۇر.

موللا سىدىق يەركەندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەر قاچان پىكىر قىلساڭ كەسكىن پىكىر قىل، چۈنكى سۆرەلمىلىك كىشىنى ئىككىلەندۈرىدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

ئىنسانلار ئويلاش قابىلىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن تاشقى ۋە ئىچكى تۇيغۇلارنى توپلاپ، مېڭىنىڭ ھەرىكىتىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، ئۇنى ئوبدانراق كۆزدىن كەچۈر، ئۇ ئىشنىڭ ئالدى كەينىنى ئويلا، سۆيۈنۈشلۈك بولسا، ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى بەر، ئۆكۈنچلۈك بولسا، ئوبدانراق ئويلان.

ئەھمەد يۈكنەكى

پىكىر خىياللار گويا بىر مېھمان، كۆڭۈل ئۇنىڭ ئايۋان سارىيىدۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

بەزىدە ئىنسانىنىڭ پەيلى كۆپرەك خىيال سۇرۇشكە باغلىق بولىدۇ، بۇ شۇنداقكى، ئىنسان شۇ بىر نەرسىنى باشقا بىرەر نەرسىدە بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

ئىجادىي پىكىر بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىدا ئاخىرى زادى قانچىلىك بۆسۈش بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. كونا قېلىپتىكى پىكىر ئادەتتىكى كۆنگەن كىشىلەر پەقەت ئۆتمۈشنى تەكرارلاشنىلا بىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

چوڭ ئىش تەۋرىتەلەيدىغانلارنىڭ ئادىتى، ئىجادىي پىكىرنىڭ قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىشتۇر.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئۆزىدىكى چەكلىمىلەردىن بۆسۈپ چىقالمايدىغانلار قېلىپ-لىشىپ قالغان پىكىر ئادىتىگە يېپىشىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش قۇدرىتىنى چۈشەپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ساھەلەردە ئىسمى بار جىسمى يوق ئۆتۈپ كېتىدۇ. قېلىپلىشىپ قالغان پىكىر شەكلىگە كۆنگەن كىشىلەرنىڭ تە-پەككۇر پائالىيىتى قاتمال بولىدۇ؛ ئۇنىڭدا جانلىقلىق بولمايدۇ. ئەكسىچە ئىجادىي پىكىرنىڭ جېنى ئۆتمۈشنى تەكرارلاشتا ئەمەس، بەلكى يېڭىلىق يارىتىش، بۆسۈشتە. چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان ئىجادىي پىكىرنىڭ دورىغۇدەك، ئۆلگە قىلغۇدەك ئۆرنىكى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا پەقەت ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇ-

سۇلى ئىز قالدۇرمىغان پايانسىز دالىدا ئۆزى يول ئېچىپ مېڭىش-
قىلا توغرا كېلىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇمىدىدىكىلەر شۇنى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەككى، كىشىلەر باشقىلار بىلىپ يەتمىگەن
شەيئىلەرنى تونۇش ئۈچۈن، ھەمىشە ئالدىنقىلار قوللىنىپ باقمى-
غان تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئىزدىنىپ، شەيئىلەرنى ئالدىنقىلار
قوللىنىپ باقمىغان ئۇسۇل ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق تەھلىل قىلىدۇ
ۋە تونۇيدۇ. شۇ ئارقىلىق يېڭىچە بىلىش ۋە ئۇسۇلغا ئېرىشىپ،
ئادەمنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى تاۋلايدۇ ۋە ئۆستۈرىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىجادىي پىكىر ئارقىلىق يېڭى يېڭى
نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى يېڭى نەزەرىيىلەرنى
يارىتىپ، يېڭى يېڭى ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالارنى بارلىققا كەلتۈ-
رۈش، شۇ كىشىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بارىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەربىر ئادەم، يول ئىزدىگۈچى ھې-
سابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق سوغۇقلىرىنى يەتكۈچە

تارتىپ، ئاچچىق چۈچۈكلىرىنى يەتكۈچە تېتىپ، نۇرغۇن قىلتاق تۇزاقلار ئىچىدە جان تىكىپ تىرمىشىدۇ. ئاخىرىدا ھاياتلىق ئۇچ. قۇنلىرىنى چاقنىتىپ، زەربىدارلىق بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش. نىڭ ئىستەك ۋە ۋاستىلىرىدە يېڭىلىق يارىتالايدۇ. دېمەك، ئىجا. دىي پىكىر ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن ئادەملا، نۇرانە ھاياتقا شەكسىز نائىل بولالايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

بىر ئادەمنىڭ مول بىلىمى بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە مۇستەقىل قارىشى، سېھرىي كۈچى، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ئۇ، قارىماققا ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنىدىغان ئىشلار ئالدىدا قايمۇقۇپ قالماسلىقى لازىم.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

رەھىم قىلىشتا ئەقىل بىلەن ئويلىنىپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك، ھېسسىيات تەپەككۇرىڭىزنى يېتىلمىسۇن.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

مۇھاكىمە بىلەن ئوي پىكىر ئۆتكۈر پىچاق، بۇ ئىككىسى بىر بىرىگە سۈركەلمە، پىكىر شەھەر بولىدۇ. بىر ئادەمنى ئېلىپ

ئېيتقاندا، بىر خىل ئوي پىكىرنى قورساقتا ساقلىغاندىن ھەي-
كەلگە بولسىمۇ ئىزھار قىلسا، ئۇنىڭ ئاز تولا پايدىسى بولىدۇ.

«بېكون كىشلىك ھايات ھەققىدە» دىن

خىيال ساھىبجامالدىنمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

جون لېبى

بىز تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن كەلگۈسى ئىنسانلارنىڭ
يېڭىلمەس خۇسۇسىيىتى — خىيالغا، مۇھەببەتكە باي بولۇشتىن
كەلگەن.

باۋۇستوۋسكىي

خىيال مۆجىزىلىك تەسەللى بەرگۈچى، سەن قۇملۇقتا ئاچ
قالغان ئادەمگە يېمەكلىك بېرىسەن، دەرەخ قوۋزىقىدا بولكا پىشۇ-
رىسەن، تۇرۇپتىن شېكەر چىقىرىسەن.

بېرن

بۇ رېئال دۇنيادىن باشقا بىر خىيالىي دۇنيا بار، يەنە كېلىپ
كېيىنكىسى تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولۇپ، كۆپ سانلىق كىشىلەر 68
ئاشۇ يەردە ياشايدۇ.

گيوتى

مېنىڭ پۈتۈن خىياللىرىم يالقۇنجاپ خۇشاللىق نۇرلىرىنى

پارلىتىدۇ، مېنىڭ بارلىق ئارزۇلىرىم مۇھەببەت مېۋىلىرىنى بېرىدۇ.

تاگور

خىيال ئەخمەقنى بايغا ئايلاندۇرالايدۇ.

چېخوف

خىيال ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئادەمنى قۇتۇلدۇرالايدۇ.

ت. فۇللېر

كىشىلەرنىڭ بالدۇرلا تۇرمۇشتىن ۋاز كەچمەسلىكى، ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكەتكە قاراپ ماڭماسلىقى ئۈچۈن، ھەربىر دەۋر خىيال بىلەن تويۇندۇرۇلغان بولىدۇ.

يوسېف كاندراد

خىيالدىن ئايرىلىپ قالما، خىيالدىن ئايرىلىپمۇ ياشاۋېرىشىڭ مۇمكىن، لېكىن ئۇ چاغدا تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالىسەن.

مارك تۋېن

ئادەتتىكى ئادەمنى تۇرمۇشقا بولغان خىيالدىن مەھرۇم قى-

لىش ئۇنى بەختتىن مەھرۇم قىلغان بىلەن باراۋەر.

ئىبسېن

خىيال ئۇزۇل كېسىل بەربات بولماي تۇرۇپ، روھ ئۇمىدسىزلىككە تەسلىم بولمايدۇ.

ھيۇگو

تەبىئەت ئىلاھى خىيال بىلەن خۇشاللىقنى ئىرىشىدۇ. ئەگەر بىرەرى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ خىيال قىلىش ئىقتىدارىنى ۋەيران قىلىۋەتسە، تەبىئەت ئىلاھى ئەڭ زالىم پادىشاھتەك ئۇنى جازالايدۇ.

گيوتى

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ خىيال ئېھتىياجىنى قاندۇرالىسىلا، ئاندىن ئۇ باي ھېسابلىنىدۇ.

ھېنرى جامېس



خىيال پەقەت پىكىرداش ئادەملەر بىلەنلا چىقىشالايدۇ.

باۋۇستوۋسكىي

خىيال —ئىجادىيەت، ئارزۇ — چاقىرىق، خىيال ئادەمنى

رېئاللىققا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ھيۇگو

تۇرمۇشنى خىيالغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن خىيالنى رېئاللىقـقـا ئايلاندۇرايلى.

كيۇرى خانىم

بىز سەپەردە خىيالنى ھەمراھ قىلىۋالساق بولىدۇ، لېكىن چوقۇم ئەقىل يول باشلىغۇچى بولۇشى كېرەك.

جونسون

ئەقىلدىن ھالقىغان خىيالنىڭ ھەممىسى مەلۇم دەرىجىدىكى سەۋدايىلىق.

جونسون



ئادەمنىڭ ئېسىلى ئۆلگەندە بىلىنەر،
ئاتنىڭ خۇيى مىنگەندە (بىلىنەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئالدىراپ ئىشلىگەن كىچىك بالىنىڭ ئىشى،

ئالدىرىماي ئىشلىگەن تەدبىرلىك كىشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاز كۆرگەن كۆپ تېپىشمىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئات قەدرىنى بىلمەس،
پىيادە ماڭمىغۇچە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاچ قەدرىنى بىلمەس،
ئاچ قالمىغۇچە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاتنىڭ نوختىسى ئېشەككە توغرا كەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئالاي دېسەڭ پۇچۇق كوزىنىڭمۇ ئىگىسى بار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاكىسى پۇل، چىمەندە گۈل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئالتە ئاي ئاتقان پاختام،
بىر چاپانغا يەتمىدى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاچچىق مېغىزنى چايىنغان بىلەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر،
سۆيۈرگىنىڭ قەدرىنى پەگاھ (بىلەر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى قار ئەمەس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاچچىق بىلەن چۈچۈكنى تېتىغان بىلەر،
يىراق يېقىننى ماڭغان (بىلەر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاۋۋال ئۆزۈڭگە باق،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئاندىن ناغراڭنى قاق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئات ئىزىنى تاي باسار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاران تاپقان چېپىمنى پېشىم تېگىپ ئۆرۈۋەتتى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاچ قورساق ئاش تاللىماس،
قاچقان ئادەم يول (تاللىماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە،
ئىتنىڭ كۈچۈكى بول.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاتتىن يىقىلدىڭ — پاختىغا يىقىلدىڭ،
ئېشەكتىن يىقىلدىڭ — تاختىغا يىقىلدىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاش قەدرىنى يېگەن بىلمەس،

تاپقان بىلۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئالدىرىغانغا ئىشتان پۇتلىشار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئادەم ئويغا تويماس،
بۆرە قويغا (تويماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئادەم ئادەمنى كۆرسە تېتىلۇر،
ئۇزۇم ئۇزۇمنى كۆرسە چېكىلۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن



ئالدىڭغا قاراپ پىكىر قىل،
ئارقاڭغا قاراپ شۈكۈر قىل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئاچچىق تاتلىقتا دۈشمەن،
گۇمان شادلىقتا (دۈشمەن).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئالتە موللام بىر بولسا،
ھەرەم كۆزدىن غايىب بولار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

بۈگۈنكى دوستلىرىڭدىن،
ئەتىدىكى دۈشمەنلىرىڭ زىرەك.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

بىلىكىڭ تۇم بولسا،
دۈشمەنىڭ سالامغا كېلەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

بىر سىرلىق، سەككىز قىرلىق بول.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

بىر ئوي ئون ئوينى تۇغدۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

بىلىمگە بېقىپ دۇرۇت،

ساقالغا بېقىپ بۇرۇت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

بېگىم ئاتنى توقۇڭ دەيدۇ،

خېنىم يېلىمنى سوقۇڭ دەيدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

بېگىمنىڭ خوتۇنى خېنىم بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

پوستى يوق پىياز بولماس،

دوستى يوق ئادەم (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

پۇتاقلىق دەستە پۇختا بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسۋىنىڭ يېپى بولار،
ھەر ئىشنىڭ ئېپى (بولار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

توكۇر ئىشەكتىن بىكار ئىشەك ئوت تىلەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

تۇخۇملا بولسا چۈجە چىقىۋېرەمەس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

تۆگە ئۇسسۇلغا چۈشسە، قىيامەت قايىم بولار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

تۈگمەن سۇدا چۆرگىلەر،
ئويۇن پۇلدا (چۆرگىلەر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

جىگدە ياڭاقنىڭ پوستى بار،
ھەممە ئىشنىڭ ئۇستىسى (بار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

چىن دوست دوستىدىن كەچمەس،
دۈشمەن خۇيىدىن (كەچمەس).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

خىيال كېچىدە ئېچىلار،
گۈل سەھەردە (ئېچىلار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دەردى يوق دەردمەننى بىلمەس،
دوستى يوق دۈشمەننى (بىلمەس).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دەرەخ يىلتىزى قېرار،
ئادەم يۈرىكى قېرىماس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن



دوستۇڭ تۈز يولغا باشلار،
دۈشمەن زىندانغا (باشلار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستۇڭ گۈل بولسا پۇرارسەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دوستۇڭ تىكەن بولسا تۇزارسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستلۇق يوق يۇرتتىن،

دوستلۇق بار چۆل ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستنىڭ ھېسابى كۆڭلىدە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوست دوستنىڭ ئەينىكى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستى بارنىڭ دۈشمىنى بار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستلار ئارازلاشسا،

دۈشمەننىڭ كۈنى تۇغۇلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستۇڭ بىلەن كۈندە ھېسابلاش،

دۈشمەنىنىڭ بىلەن يىلدا (ھېسابلاش).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستقا دەرد كەلسە،

دۈشمەنگە توي بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوست تاش بەرسە گۆھەر دەپ بىل،

دۈشمەن ئاش بەرسە زەھەر دەپ (بىل).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستۇڭنىڭ تىلىغا باقماي دىلىغا باق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۇت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دۈشمەن ئۆز ئۆيۈڭنىڭ تۆرى بىلەن،

تۆشۈكىدىن چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيىسى
www.uyghurkitap.com

دۈشمەن پىتنە تارقىتار،
دوست ھەقنى (تارقىتار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دوستقا خىيانەت ئۆلۈمدىن يامان.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دۈشمەن قەست قىلسا، دوست قۇتۇلدۇرار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دۈشمىنىڭنىڭ دوستىدىن قاچ،
دوستۇڭنىڭ دۈشمىنىدىن (قاچ).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن



دۈشمىنىڭنىڭ يېقىنى ساڭا دوست ئەمەس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

دۈشمەنگە شەپقەت — ئۆزۈڭگە كۈلپەت.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ساقال دېگەن تۈك،
سەللە دېگەن يۈك.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

سۇ ئاقار ئېقىنىدىن،
بالا كېلەر يېقىنىدىن.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

سۆزلىمىگەن ئېغىزدىن،
چاپاق باسقان كۆز ياخشى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

سىيگەك سۇغا ئامراق.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

سىنالمىغان دوستتىن،
سايدىكى تاش ياخشى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

شەھەر كۆرگەن ئۆچكىدىن قاچ.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

قەلەمگە ئالەم پاتار،
كۆڭۈلگە دۇنيا (پاتار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

قولۇم بېشىڭدىن سەدىقە بولسۇن.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

قېرى قىل بىلەن تام قىلار،
ياش يانچۇقنى دام (قىلار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

قېرىمۇ كىچىكىدە بالا بولغان.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

قىل يىغساڭ ئارغامچا بولۇر،
تاسما يىغساڭ قامچا (بولۇر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

كۆك سۆيگەن دەرەخ ئۆسەر قەلەمچىدىن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەر چىقماس خۇشامەتگۈي تىلەمچىدىن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

كۆپ ئويلىساڭ ئەقىل تاپىسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

كۆڭۈل بىر غۇنان تاي،

چاپىدۇ ھەر يەرگە تىنىماي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

گۇمان ئەقىلدىن ئازدۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

موللىنىڭ دۇئاسى تولا، بەرىكىتى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن



مېنىڭ كۆرۈشكەن دوست ئەمەس،

ۋاپا قىلغان دوست.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ناچار دوستتىن تاياق ياخشى،



ناچار ئاتتىن يايااق ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ھەر كاللىدا بىر خىيال،
تاز كاللىدا مىڭ خىيال.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ھەر كىشىدە بىر خۇي،
خۇي بولمىسا بىر ئۇي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا،
كۆندە غوۋغا بېشىڭدا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئويلىماي تاياق يەيسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئويناپ ئېيتتى، كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئويلىساڭ كەڭ ئويلا،
كەڭ ئويلىمىساڭ تەڭ ئويلا.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئۇلپەت تاپ — قۇدرەت تاپ.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئېشەك ھاڭرىسا،
ئىتنىڭ كۆڭلى ئاينىپتۇ.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئېيىق بىلەن تۇرماق،
جاننى قولغا ئالماق.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن



ئىنسان تەخمىن قىلار،
تەڭرىم تەقسىم قىلار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياخشى دوستۇڭ تاشلىماس،
يامان يولغا باشلىماس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ياخشى دوست يۈرگەندە ياخشى،
يامان دوست ئۆلگەندە (ياخشى).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ياخشى دوست جاندىن ئەزىز.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ياخشى يېرىڭنى دوستۇڭ كۆرەر،
يامان يېرىڭنى دۈشمىنىڭ (كۆرەر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن



ياخشى دوست يولداشتۇر،
ئۆتكۈر قىلىچ قولداشتۇر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ياخشى دوست دەردكە داۋا،

نادان دوست باشقا بالا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ،
ئېچىلار چېچەكلىرىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

يامان بىلەن دوست بولساڭ،
يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

يامان بىلەن دوست بولساڭ،
يىرتىلار ئېتەكلىرىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

يۈزنىڭ قارىلىقى ئۇيات ئەمەس،
يۈزى قارىلىق ئۇيات.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن



يىغىسى يوق ماتەم بولماس،
ئازمايدىغان ئادەم (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىراقتىكى دۈشمەندىن،
ئايىنىپ كەتكەن دوست يامان.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»دىن

ھەرقانداق چاغدا سىرتقا چىقساڭ، ئىشىكىڭنى يىغىپ، بې-
شىڭنى ئېگىز كۆتۈر، ئۆپكىنىڭ ئىككى قانىتى تىك تۇرسۇن؛
قۇياش نۇرىدىن ھوزۇرلان، دوستۇڭنى تەبەسسۇم چىراي بىلەن كۈ-
تۈۋال، ھەر قېتىم قول ئېلىشقاندا جان كىرسۇن. خاتا چۈشىنىپ
قېلىشتىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دۈشمەننى ئويلاشقا بىر
مىنۇتنى ئىسراپ قىلىشمۇ ھاجەتسىز، نېمە قىلماقچى بولغانلى-
قىڭنى ئېسىڭدە پۇختا مۇئەييەنلەشتۈر؛ ئاندىن يۆنىلىشىڭ ئۆز-
گەرمەي نىشانغا توپتوغرا يېتەلەيسەن. كۆڭلۈڭنى قىلماقچى بول-
غان ئۇلۇغۋار ئىشقا قارات، ئاندىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ،
خۇددى مارجانقۇرت ئۆركەشلەۋاتقان سۇدىن ئوزۇق ئالغاندەك، ئارزۇ-
يۇڭنى ئورۇنداشقا كېرەكلىك پەيتنى ئىگىلەۋاتقانلىقىڭنى
بايقايسەن. خىيالىڭدا سەن تەشنا بولغان ھېلىقى قابىل، راستچىل
ۋە ياراملىق كىشىنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلىنىدۇ، سەن كۈتكەن خىيال
ۋە ئارزۇلار سېنى مىنۇت سېكۇنتلاپ تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىپ، با-
يىقىدەك ئالاھىدە ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. ئىدىيە تەڭداشسىز ئەلا بول-

غاچقا، هامان توغرا پسىخىيىلىك پوزىتسىيە — جاسارەت، سەمە-مىيەت، خۇشاللىق ساقلىنىدۇ. توغرا تەپەككۇر بىر ئىجادىيەت. پۈتۈن نەرسە ئارزۇ تىلەكتىن كېلىدۇ. ھەربىر سەمىمىي تىلاۋەت هامان شەپقەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ. ھەممىمىز ئۆزگىرىپ، ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان ھېلىقى ئوبرازغا ئوخشىشىپ قالىمىز. ئېڭىمىزنى يىغىپ، بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈر، ھەممىمىز قىشلاۋاتقان قورچاق-تىكى ئىلاھدۇرمىز.

ئېلبېرت هوببارد

«مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆز پەقەت ئەخمەقلەر لۇغىتىدە-دىنلا تېپىلىدۇ.

ناپولېئون

ئادەمنىڭ خۇشاللىقى ئۆز تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى، خۇشاللىقنىڭ مۇھىم ئامىلى ئادەتتىكى ھەۋەس، مۇئەييەن دەرد-جىدىكى شىجائەت، ئۆزىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەش، خىزمەتنى قىزغىن سۆيۈش ھەمدە ئەڭ مۇھىمى سەمىمىي ۋىجدان ئىكەنلى-كىنى ئۇ بىلىدۇ. خۇشاللىق ھەرگىز غۇۋا چۈش ئەمەس، مەن بۇنى هازىر راستتىنلا سېزىۋاتىمەن. بىر ئادەم تەجرىبە ۋە تەپەككۇرنى مۇۋاپىق ئىشقا سالسا، ئۆز ۋۇجۇدىدىن نۇرغۇن خۇشاللىق

ئۆندۈرەلەيدۇ، يەنە كېلىپ قەتئىي ئىرادە ۋە سەۋر، تاقەت بىلەن، يېڭىۋاشتىن ساغلاملىقىنى ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا بىز ھەقىقىي ھاياتىمىزغا تايىنىپ ياشايلى ھەمدە مىننەتدار بولماي قالمايلى.

گېئورگې ساندا

ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەلىي ئىرسىيەتنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ پەقەت ئون پىرسەنتىنىلا ئىشلىتىپ، توقسان پىرسەنتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەستە تۇتۇشنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

**مەجمۇئە ئىسمى :** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :** تەپەككۇر ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 1230×880 مم 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—429—9
**باھاسى :** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )